ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-رويۇڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

Жаңа өмір

1993
ژىل
4ـسېنتەبر
شەنبە
№35
(3889)
ئەركىن باھا

گېزىت 1970 ـ ژىلى 1ـ يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.
جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ قوشۇمچىسى
ھەپتىلىك گېزىت

## قوڭغۇراق ئاۋازى ياڭرىسۇن

مانا، توقۇغۇچىلار گۈلدەستىلەر
بىلەن ئۇستازلىرىنى يېڭى ئوقۇش ژى
لى بىلەن تەبرىكلىگەن 31ـئاۋغۇستە
مۇ 1ـسېنتەبرـخەلىق ئارا بىلىم كۈ
نىمۇ ئىلىم دەرگاھلىرىنىڭ ئوتمۇشى
بولۇپ قالدى.

تاشقىرىدىن قارىماققا بۇلارنىڭ
ھەممىسى، روي بېرىشى تەبىي بو
لغان ۋاقىەلەردەك سېزىلىدۇ، كىشـ
گە. ئەسلىنى ئالغاندا، ئەينە شۇ بـ
رىنچى قوڭغۇراقتا ئۇنجا پەرزەنـ
دى ياكى نەۋرىسىنى مەكتەپ بوـ
سوغۇسىغا ئېلىپ كەلگەن ئاتا-ئاـ
نىغا ئالەمچە شاتلىق، كېلەچەككە ئۈ
مۈتۋارلىق، ئۇستازلارغا چوڭ مەسـ
ئۇلىيەت تۈيغۇلىرى جەملەنگەن.

ھە، بىلىم ئوچاقلىرىنىڭ قىزغىن ئىش
پائالىيەتلىرى ئەينە شۇ قوڭغۇراق
ئاۋازىدىن باشلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
مۇ بۇ كۈنى قايسى مەكتەپ قوـ
رۇسىغا بارماڭ، تۇرلۇك شادىيانىلارغا
داخىل بولىسىز.

مەن بۇنداق بايرام كەيپىياتىنى
تالغىر ناھىيەسى، بېساغاچ (بۇرۇنقى
دزېرژىنسكي) يېزىسىدىكى 29ـنو
تۇرا مەكتۇپدە تاماشە قىلىۋېتىپ،
بېختىيار يېقىن ئوتمۇشنى ئەسـ
لىدىم.

ماڭا ياخشى تونۇش مەزكۇر مە
كتەپتە رۇس سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتـ
قان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۇيغۇر تە
لىنى ئۆگۈنۈشكە باشلىغان 1988ـ
1989ـئوقۇش ژىلىغا قەدەر بۇ يەر
دە ئوتكۇزىلىدىغان بارچە تەدبىرلەر
پەقەت رۇس تىلىدىلا ئوپۇشتۇرۇـ
لاتتى. كېيىنكى ژىللار، بولۇپمۇ ئۇ
جا ئۇيغۇر، قازاق سىنىپلىرى ئېچىلـ
غان 1989ـ1990ـ ئوقۇش ژىللـ
رىدىن ئېتىۋارەن، مەيلى ئۇ قانداق
بايرام ياكى تەدبىر بولسۇن قازاق،
رۇس، ئۇيغۇر تىللىرىدا سوزگە چـ
قىش، ناخشا-ساز ئاڭلاش ئەنئەنگە
ئايلاندى.

بۈگۈنمۇ خۇددى شۇنداق بولدى.

يېڭى ئوقۇش ژىلىنى ئۇچ تىلدا تەبـ
رىكلەشلەر، يۇرت ئىمامى ئابدۇـ
كېرىم ئاكىنىڭ ياش ئەۋلاتلارغا قىلـ
غان دۇگا-تەگبىرىدىن كېيىن ئۇسـ
سۇل ناخشا-سازلىرى ياڭراپ كەتـ
تى. مەيدانىنىڭ ئوتتۇرسىدا ئۇسـ
سۇل ئوۋجىغا چىقتى. ئوينىۋاتقانلار
قازاق، ئۇيغۇر، رۇس، تۇرك، كۇرد،
نۇكرائىن... ئوخشاش ئون نەچچە
مىللەت ۋەكىللىرى. ئۇلارنىڭ ئوـ
يۇن، تاماشىلىرىنى ھەۋەسۇ، ئىشتىـ
ياق بىلەن ئۇزاق تاماشە قىلدۇق.

مەكتەپ دىرېكتورى گالىنا ئۇر
غالىيېۋنا بىلەن يېڭى ئوقۇش ژىلى
خۇسۇسىدا سوھبەتلەشتۇق.

– سىزنى ئۇيغۇر سىنىپلىرىنىڭ
تەغدىرى قىزىقتۇرىدىغۇ تايلىق، –
دېگەنچە مېيىغىدا كۇلۇپ سوزىنى با
شلىدى سوھبەتدىشىم،– ئۇزىڭىز بـ
لىسىز، ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇۋاتقان با
لىلار بۇ ژىل 6ـسىنىپقا قەدەم تاش
لىدى. ئۇلار تولۇق ئوتتۇرا مەلۇـ
ماتنى شۇ مەكتەپنىڭ ئوزىدە ئالـ
دىغان بولىدۇ. بىزدە ئۇلارغا ئوز
ئانا تىلىدا ئاساسى پەنلەردىن دەرس
بېرىدىغان ئۇيغۇر مۇئەللىملىرى بار.

دىرېكتور بىلەن سوھبىتىمىز داۋام
قىلىپ، بۇ ژىلقى بىرىنچى سىنىپلار
توغرىسىدا سورىغىنىمدا، ئۇ توۋەنـ
دىكىلەرنى ئېيتىپ بەردى:

– بۇ ژىل ئېچىلغان بىرىنچى سى
نىپلارنىڭ ئۇمۇمى سانى ھازىرچە
ئالتە. جۇملىدىن رۇسچە–3، قازاقـ
چە–2 ۋە ئۇيغۇرچە بىر. ھازىرچە،
دېيىشىمنىڭ سەۋەۋى، ئۇيغۇر سىنـ
پى بىر بولامدۇ، ئىككىمۇ تېخى ئۇـ
زۇل-كېسىل ھەل بولمىدى. سەـ
ۋەۋى،ئۇيغۇر سىنىپ پارتىلىرىغا كە
رىپ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ سانى 37
كە يەتتى. ۋاھالەنكى، رۇيخەت بو
يىچە ئۇلار ئەللىكتىن ئاشىدۇ. ئەگەر
موشۇ بىر-ئىككى كۇن ئارىلىقىدا ئۇ
يغۇر سىنىپىدىكى بالىلار سانى 40
تىن ئاشسا، ئۇ چاغدا 2 سىنىپقا بو
لىنىدۇ. دېمەك، بۇ يېقى ئاتا-ئاـ
لارغا باغلىق.

– ئوقۇش قۇراللىرىنىڭ ئەھۋالى
قانداق؟

–رۇسلارنىڭ ياخشى،–دەيدۇ سو
ھبەتدىشىم سوئالىمغا جاۋابەن،– ئەپ
سۇسكى، قازاق، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلە
رىغا كېرەكلىك قۇراللار تېخىچە يېـ
تىشمەيدۇ. لېكىن قاراپ ئولتۇرۇشـ
نىڭ ئىلاجى يوق. ئوزىمىز جايلارـ
دىن ئىزدەشتۇرۇپ تېپىپ، پروگـ
راممىا بويىچە ئوقۇتىۋاتىمىز. بۇ
ئىشتا ئۇيغۇر سىنىپلىرىغا بولۇپمۇ
ئاتا-ئانىلار سالماقلىق ياردەم كورـ
سىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

دەرھەقىقەت شۇنداق. مەزكۇر
مەكتەپتە ئۇيغۇر سىنىپى ئېچىلغاـ
دىن بۇيان ئاتا-ئانىلار سىنىپلارنى بې
زەش، رېمونتلاشقا ياردەملىشىش، ئو
قۇش قۇراللىرىنى ژىراق، يېقىندىكى
ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدىن تېپىپ كېـ
لىش ئىشلىرىغا جان پىدالىق بىلەن
ھەرىكەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارـ
نىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت مەركىزى يې
زىلىق شوبىسىنىڭ رەئىسى ئەخمەتـ
جان ئاخمۇللايېۋ، ژىگىت بېشى ھۇـ
سەيىن ئىلياس، ئاتا-ئانىلار كومىتېـ
تىنىڭ رەئىسى كەنجە كاملوۋ، ئۇـ
نىڭ ئەزالىرى مەھەممەت ئاخمۇللاـ
يېۋ، روزاخۇن روزىيېۋ، رىزۋانگۇل
گاچاكوۋا ئوخشاش كىشىلىرىمىزنىڭ
ئويناۋاتقان رولى چوڭ.

ئەكىتلەشكە ئەرزىيدىغان، ئەرزىيـ
دىغانلا ئەمەس، مىللەت كېلەچىگىنى
ئويلايدىغان، ھەر كىمنى خوشال قىـ
لىدىغان بىر نەرسە-بۇ ئاتا-ئانىلارـ
نىڭ پەرزەنتلىرىنى ئانا تىلىدا ئوقۇ
تۇشقا بولغان كوز قارىشىنىڭ ئوپـ
تىن ئوزگىرىشىدۇر.

يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، تا
موشۇ ئوقۇش ژىلىغا قەدەر ئېيۇل،
ئاۋغۇست ئايلىرىدا باللارنى ئۇيـ
غۇر سىنىپىغا بېرىشكە دەۋەت قىـ
لىش يۇزىسىدىن جىددىي تەشۋىق
ئىشلىرى ژۇرگۇزىلەتتى. ئۇمۇ ئازـ
لىق قىلغاندەك 31ـئاۋغۇست، 1ـ
سېنتەبر كۇنلىرى ژىگىت بېشى باش
لىق يۇرت موتىۋەرلىرى، ئاكتىۋلار
مەكتەپ ئالدىغا كېلىۋېلىپ، «بالـ
ىڭىزنى ئۇيغۇرسىنىپىغا بېرىڭ...»
دەپ يالۋۇرۇپ دېگىدەك ژۇرۇپ،
ئاران ماقۇل كەلتۇرەتتۇق. بۇ
ژىل ئۇ خىلدىكى تەشۋىقى ھەرىكەت
لەر دېيەرلىك بولمىدى. شۇنىڭغا قا
رىماي، ئۇيغۇر سىنىپىغا كەلگەن با
لىلارنىڭ سانى ھەر قاچانقىدىن كوپ
بولدى. بۇمۇ مىللىتىمىزنىڭ ئوزلىگـ
نى تونۇشىنىڭ، كېلەچەككە بولغان
ئىشەنچىنىڭ ئالامىتى بولسا، ھەـ
جەپ ئەمەس.

ئىلاھىم، تىچلىقىمىزدىن دەرەك بې
رىپ مەكتەپلىرىمىزدە قوڭغۇراق ئا
ۋازى ياڭراۋەرسۇن. ئۇيغۇر سىنىپلـ
رىنىڭ سانى كوپىيىۋەرسۇن!

ئا. ماخمۇت.
تالغىر ناھىيەسى.

## بۈگۈنكى سانىمىزدا:

2ـ بەت
مەدەنىيەت بېغىدىكى تەنتەنە
3 ـ بەت
قۇرئان ھېكايەتلىرى
4 ـ بەت
خوتەندە چەت ئەللىكلەرنىڭ
ژۇرگۇزگەن زوراۋانلىق ھەرىـ
كەتلىرى
5ـ 8ـبەتلەر
تورت ژىلدىن كېيىنكى ئويلار
6ـ7 ـ بەت:
«دېۋانىنىڭ قىزى»
(ھېكايە)
9ـبەت
شېرىيەت سەھىپىسى
10ـبەت
غوجاخمەت سەدۋاقاسوۋ خاـ
تىرىسىگە بېغىشلاندى
11ـبەت
بىر دەقىقە تەبەسسۇم
12ـ بەت
چەت ئەللەر خەۋەرلىرى.



سۇرەتتە:زارە ۋوستوكا مەھەللىسىگە جايلاشقان م. ھەمرايېۋ نامىدىكى 150ـئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەـ
ۋىنىڭ دىرېكتورى راۋىيەم ئەخمە توۋا.

# شېئرىيەت سەھىپىسى

چارەك ئەسىردىن ئۇشۇق ۋاقىت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئۇزىنىڭ ئىجادىي تۇھپىسىنى سىڭدۇرۇپ كېلىۋاتقان زەخمەتكەش ئەدىب مىرزەخمەت مىرىموۋ ھەم شائىر، ھەم يازغۇچى،ھەم ژۇرنالىستلىقى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن.

ئۇ كوپلىگەن ۋىللار ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ «ئىلى ۋادىسى» گېزىتىدە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئەدىب ناھىيەلىك مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى لاۋازىمىدا ئىشلەپ كەلمەكتە.

مىرزەخمەت مىرىموۋنىڭ «ساداقەت» ناملىق تۇنجا پوۋېستى كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېگە بولدى، ئۇنىڭ بىر نەچچە شېرىي كىتاپلىرى شېرخانلار دىققىتىنى قوزغىدى.

شائىر شېرلىرىدا تۇغۇلغان يۇرتنى ئارمان-پۇغان بىلەن كۈيلىسە، يەنە ھاياتىمىزدىكى ئۇزگىرىچىلىكلەرنى، زامان كورۈنۈشلىرىنى، ئادەملەر قەلبىنى تەۋرىنىپ ناخشىغا قاتىدۇ.

بىز تۇۋەندە ئەدىبنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يازغان يېڭى شېرلىرىنى گېزىتخانلار دىققىتىگە تەۋسىيە قىلدۇق. تەھرىراتتىن.

مىرزەخمەت مىرىموۋ



## شائىر دەپتىرىدىن

### ئۈمۈتۈم بار

مەنمۇ بىر خەلقىم ئۈچۈن كويگەن جانغۇ،
بايلىغىم بىرلا ژۈرەك، ۋۇجۇت-تەنغۇ.
ھاياتلىق قايىنىمدا ئۈزۈپ ژۈرۈپ،
ئارزۇلارغا يەتمەك بەكمۇ تەس ئېكەنغۇ.

قېقىلىپ ھەر تەرەپكە ژۈردۈم تالاي،
قايىندىم، تاشتىم،
تاشقا تەگدى ماڭلاي.
قايتمىدىم خەلقىم دېگەن ئىرادەمدىن،
كېلىمەن ئىجات قىلىپ ھارماي، تالماي.

ئۈمۈرنىڭ داۋانلىرىن بېسىپ ئوتتۇم،
كوڭلۇمگە گوزەل ئارزۇ-ئۈمۈت پۈكتۈم.
ئېھ، خەلقىم، ساڭا خىزمەت قىلىش بىلەن،
بەخت-تەلەي كۈنلىرىنى زار قىپ كۈتتۈم.

ئورتەندىم يۇرتۇم سېنىڭ دەردىڭدە مەن،
قەرىزدار خەلقىم سېنىڭ ئالدىڭدا مەن.
يولۇمنى داۋام قىلار پەرزەندىم بار،
يېرىم يولدا ھېرىپ قالسام ئەگەردە مەن.

ئوغلۇم بار،ئوسسۇن جەڭچى ئادەم بولۇپ،
قالمىسۇن دەيمەن ھەرگىز نادان بولۇپ.
قالمىسۇن بىر پارچە نان غېرىبى بوپ،
يېتىلسۇن پاراسەتكە، كۈچكە تولۇپ.

ياشايمەن پەرزەنتلىرىم غېمىنى يەپ،
بېچارە، جان باقار بوپ قالمىسۇن دەپ
ياشاشمۇ، ئېيتىڭلارا، بۇ دۇنيادا
ئەل-يۇرتقا بەرمەي ئوتكەن ئۈمۈر
بىر نەپ.

### قانداق ئۇنتاي

سېنى قانداق ئۇنتاي تۇغۇلغان يۇرت،
نامىڭ، مېھرىڭ ژۈرەككە چېگىلگەن يۇرت.
باشقا يۇرتتا ژۈرسەممۇ قايغۇسىز توق،
مۇھەببىتىڭ ژۈرىگىمدە كويگەن بىر ئوت.

«ياقا يۇرتتا بولساممۇ مەن بەگ ۋە
سۇلتان،
بولغىنىم ياخشى ئېكەن سەندە ئۇلتاك».
ئوگەيلىك كۈيدۈرىدۇ، قاخشىتىدۇ،
ئەرىزىگىنى تىڭشىماستىن بولار ھالاك-تاك.

ھەر دەمدە سېنى يادلاپ، كوزۈمدە ياش،
سېغىنىشىنىڭ ئازابىدا ئاقاردى چاچ.
يوقسىزلىق ئەمەس ئېكەن بېچارىلىق،
مۇساپىرلىق غەملىرىدە گاڭگىرار باش.

ئاھ، مېنىڭ كىندىك قېنىم تۈكۈلگەن يۇرت،
قىممەت-قەدىرى ماڭا بەكمۇ ئۇتۇلگەن
يۇرت.
ئېنىتىلىپ ئەركىنلىككە، تىز پۈكمىگەن،
خەلقىم قېنى سۇدەك تىنماي توكۈلگەن
يۇرت.

ۋەتىنىم، ئۇيغۇرىستان نامىڭ بولغان،
كوزى ئوچۇق قارغۇلار تونىمىغان.
يۈز ژىللاپ پەرزەنتلىرىڭ قىلسىمۇ جەڭ،
بەخت قۇشى بېشىڭغا ھېچ قونمىغان.

تۇغۇلغان يۇرت!
ئېھ، ئەزىز ئانا ۋەتەن،
ئانام مېنى قوينۇڭدا ئەللەي ئەتكەن.
ئۇنتۇپ سېنى مەن قانداق بېغەم ژۈرەي،
رازىمەن تۇپرىغىڭنى قۇچۇپ ئولسەم.

### خەلقىم ئوغلانلىرى

خەلقىمنىڭ باتۇر، قەيسەر ئوغلانلىرى،
كۈچ-قۇۋەت، پاراسەتكە تولغانلىرى.
ئەجداتلار ياققان ئوتنى ئوچەرمەستىن،
بولدىڭلار بۈگۈن تارىخ مىراسخورى.

كېلىسەن باشقىلاردىن قالماي ياشناپ،
ئەجداتلار روھى ژۈرەر ئالغا باشلاپ.
بۈگۈنكى دەۋىر بىلەن زاماندىشسەن،
بېشىدىن ئىسسىق-سوغلار ئوتكەن ئەۋلات.

كەڭ دۇنيا سېنىڭ ئۈچۈن تار بولسىمۇ،
يولىڭدا قانچە توسقۇن، غار بولسىمۇ،
پاچاقلاپ ھەر قەدەمدە بوسۇپ ئوتتۇڭ،
دۈشمىنىڭ قانچە كۈچلۈك نار بولسىمۇ...

ئۇيغۇرنىڭ ئوكىمىدى مۇھتاجلىغى،
ئۈلكىلەر «بەختىڭ بار» دەپ ئالداپ كەلدى.
بالىسىنى بەزلىگەن ئانا ئوخشاش،
بۇ ھايات بىزگە پارچە رىسقا بەردى.

يېتىلدى خەلقىمنىڭ نۇر ئوغلانلىرى،
ھۇنەر بىلىم قەلبىدىن تامغانلىرى.
ۋەتىنى تۇرۇپ ئاما باشقا ئەلدە،
ئەلەمغۇ ۋەتەنسىز بوپ قالغانلىرى.

### ئېيتقىن، تەغدىر

ھەي، تەغدىر،
سەن ئۈمۈرنىڭ ھاكىممۇ؟
كىمگە ئوز، كىمگە ياتسەن، بىلمىدىمغۇ.
تەغدىرنىڭ يازغىنى دەپ ئېيتقان ئاتام،
ئەجابا، ئانا يۇرتقا پاتمىدىمغۇ؟

ھەي، تەغدىر بىزلەرگە سەن يات ئېدىڭمۇ،
مۇشكۇل،دەرت-قايغۇلارنى تارت دېدىڭمۇ؟
ئۈمۈسسىز، خائىنلارغا ھوقۇق بېرىپ،
سەن بىزنى نومۇس-ئارنى سات دېدىڭمۇ؟

سەنمىدىڭ بىزنى ھەر يان چېچىۋەتكەن،
ئەجداتلار باشلىرىنى كېسىۋەتكەن،
ئەركىمىز، بەختىمىزنى پايمال قىلىپ،
تەلەيسىز كۈنۈمىزگە سەنمۇ يەتكەن!

تەغدىرگە تەن بەرمەستىن كەلدۇق ياشاپ،
ئاتىلار جاسارىتى بىزنى باشلاپ.
ئاداققى نىشانلارنى ئېگەللەيمىز،
مەيداندىن چېكىنمەيمىز ئەندى تاشلاپ.

دەس تۇرۇپ دوستلار بىلەن بولۇشقا تەڭ،
بەل باغلىدۇق ئورۇنلاشقا ئەھدىمىزنى.
قايتۇرۇپ بەر ئەي، تەغدىر، ئانا يۇرتنى،
ۋەتەن ناملىق بىزنىڭ تاجۇ-تەختىمىزنى.

### ژۈرەك سوزلەيدۇ

ئېھ، ژۈرىگىم، كويمىگىن مۇنچە،
ۋۇجۇدۇمنى سىلىپ لەرزىگە.
ئېمە ئازاپ تارتىسەن شۇنچە،
مەن گىرىپتار ئەمەس قەرىزگە.

كېچە-كۈندۈز تۇيغۇ قامچىسى،
ئارام بەرمەي مېنى ساۋايدۇ.
ئوي-پىكىرلەر، ئىلھام تامچىسى،
قەلىمىمنىڭ كۈچىن سىنايدۇ.

پاھ، ژۈرىگىم،
سوزلىگىن قېنى،
ئىشەنچىم دەپ بىلىمەن سېنى.
ئۈمۈرلىرىڭدا ئورغۇپ، قايناپ قان،
سەگەكلىككە ئۈندەيدۇ سېنى.

جاۋاپ قاتتى ژۈرىگىم شۇندا؛
بولغىن سەگەك،
باسمىسۇن غەپلەت.
كۈيلىرىڭنى ئاق يېغىندەك توك،
دوستلار كۈلۈپ،
دۈشمەن چەكسۇن دەرت.

### رۇبائىيلار

ۋەتىنىڭ، ئوز ئېلىڭ بولسا سەن ئادەم،
قەددىڭنى پۈكەلمەس، قايغۇ بىلەن غەم.
ۋەتەنسىز ياشساڭ تارلىق قىلىدۇ،
بولسىمۇ چېكى يوق پايانسىز ئالەم.

* * *

دەپتىكەن:«يات ئەلدە بولغىچە سۇلتان،
ئانا يۇرت قوينىدا بولغىن سەن ئۇلتاك».
ئېھ، ئەزىز ۋەتىنىم ئەسلىسەم سېنى،
تۈنلىرىڭ تۇيۇلار گويا نۇرلۇق تاڭ.

* * *

سوزلىگىن، كوڭۇلنىڭ كىرى قالمىسۇن،
ئېيتىلماي ژۈرەكنىڭ سىرى قالمىسۇن.
ياشىما ئىچىڭدە ساقلاپ ئاداۋەت،
ئەلەمدە ژۈرىگىڭ كويۇپ- ياتمىسۇن.

* * *

بۇ ئۈمۈر يولىدا كوپ جاپا كوردۇم،
سوز بىلەن باي قىلغان سەپ-ساتا كوردۇم.
ئىشەنگەن «تاغلاردىن» ئاقلانماي ئۈمۈت،
ئەمگىكىم ئەجرىدىن مەن ۋاپا كوردۇم.

* * *

يامانىنى -ياخشىغا جورۇپ ياشىدۇق،
ھەممىگە مەردانە تۇرۇپ ياشىدۇق.
ژۈرەكتىن خۇن كېتىپ چەكسەكمۇ ئەلەم،
ھاياتنى مەرتلەرچە سۈرۈپ ياشىدۇق.

* * *

مېھرىسىز قېرىنداش غېمىڭ يېمەيدۇ،
«سەندە يوق، مەندە بار، ئالغىن» دېمەيدۇ.
سېنىڭ بارلىغىڭغا ژۈرىدۇ داتلاپ،
ئوز ئەيىۋىنى ئۇ سوراپ بىلمەيدۇ.

* * *

تىلىدا ياخشى سوز، ساڭا قەدىردان،
ئالدىڭدا تىلەيدۇ كۈلۈپ شەرەپ-شان.
كەينىڭدىن غېيۋەت قىپ شەنىڭنى توككەن،
ساخلانغىن «دوستلاردىن» ئىككى يۈز تادان».

* * *

ئويلىرىم، ئارزۇلىرىم سېنىڭ بىلەن،
خىيالىمدا سەن ژۈرسەن مېنىڭ بىلەن.
ھاياتىم ژىراقلاردا- تېنەپ ئوتتى،
ۋەتىنىم، ئارام ئالسام سېنىڭدە مەن!

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس

1993 ژىل 18-سېنتەبر
شەنبە
№37
(3891)
ئەركىن باھا

# يېڭى ھايات

Жаңа өмір

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى

گېزىت 1970-ژىلى 1-يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

## فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى فرانسۇئا مىتتېراننىڭ قازاقستانغا سەپىرىگە دائىر



16-سېنتەبر كۈنى قازاقستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازارباييېۋنىڭ تەكلىۋى بويىچە فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى فرانسۇئا مىتتېران ئىككى كۈنلۈك رەسمىي سەپەر بىلەن ئالمۇتىغا كەلدى. بۇ فرانسىيە دۆلەت رەھبىرىنىڭ ئىلگەركى كېڭەش ئىتتىپاقى غۇلىغاندىن كېيىن دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىدە پەيدا بولغان مەركىزىي ئاسىيا رېگىئونىدىكى يېڭى دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە كېلىدىغان دەسلەپكى سەپىرىدۇر.

فرانسۇئا مىتتېران 1916-ژىلى 26-ئوكتەبردە شارانت دېپارتامېنتىنىڭ جارناك شەھىرىدە تۆمۈر يولى شىركىتى خىزمەتچىسىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى.

فرانسۇئا مىتتېران ھوقۇق، ئەدەبىيات ۋە سىياسىي پەنلەر بويىچە پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، 1939-ژىلى نېمىس باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە چاقىرتىلىدۇ، فرانسىيەنىڭ قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ، گېنېرال دې گوللىڭ سەپدىشى بولىدۇ. ئۇ بۇ ھەرىكەتنىڭ باش كاتىۋى، ئەسىردىن قۇتۇلدۇرۇلغان ۋە قاچقان ھەربىي ئەسىرلەر ئۈچۈن جاۋاپكەر ۋەكىلى سۈپىتىدە 1944-ژىلى 17-ئاۋغۇستتا پارىژنى ئازات قىلغاندىن كېيىن ژەملغان فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى كېڭىشىگە قاتناشتى.

فرانسۇئا مىتتېران 1945-ژىلدىن تارتىپ سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1946-ژىلى نېۋر دېپارتامېنتىدىن سېناتقا دېپۇتات بولۇپ سايلىنىدۇ. 1946-ژىلدىن تارتىپ 1958-ژىلغىچە ئۇرغۇللىغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەزاسى بولغان، يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ھەر خىل لاۋازىملارنى ئىگىلىگەن، مونسوشتا مېرو باش مەسلىھەتچىسى مېرلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى نېۋردا باش مەسلىھەتچى بولغان. فرانسۇئا مىتتېران مەملىكەت پرېزىدېنتلىقىغا نامزات سۈپىتىدە 1965- ۋە 1974-ژىللىرى سايلام كامپانىيەلىرىگە قاتناشقان، لېكىن ئۇ گېنېرال دې گول ۋە ۋالېرى ژىسكار دېستېنغا يول بېرىدۇ.

فرانسۇئا مىتتېران 1971-ژىلى فرانسىيە سوتسىيالىستىك پارتىيەسىنىڭ بىرىنچى كاتىۋى بولۇپ سايلىنىپ، 1981-ژىلغىچە ئۇنىڭغا باشچىلىق قىلدى. ئاخىرى، 1981-ژىلى 10-مايدا، فرانسۇئا مىتتېران نۆۋەتتىكى سايلامدا سايلىغۇچىلارنىڭ 52 پروتسېنتقا يېقىن ئاۋازىنى ئېلىپ، فرانسىيە پرېزىدېنتى بولۇپ سايلاندى. 1988-ژىلى فرانسۇئا مىتتېران پرېزىدېنت سايلىمىدا ئىككىنچى قېتىم غالىپ چىقتى.

فرانسۇئا مىتتېران ھەم ئۆز مەملىكىتىنىڭ، ھەم چەت ئەللەرنىڭ كۆپلىگەن پەخرىي مۇكاپاتلىرىنىڭ كاۋالېرى، بىر قاتار كەڭ تونۇش بولغان سىياسىي ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى. 1944-ژىلى ئۇ دانىيېل گۈز بىلەن ئائىلە قۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن قارشى تۇرۇش ژىللىرىدا تونۇشقان. پرېزىدېنتنىڭ ئىككى ئوغلى بار.

ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى نۇرسۇلتان نازارباييېۋ ۋە فرانسۇئا مىتتېران بىر-بىرسى بىلەن تونۇش، ئۇلار ئىلگىرىمۇ بىر نەچچە قېتىم ئۇچراشقان. ئۇلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى تۇپەيلى كېيىنكى ژىللاردا فرانسىيە-قازاقستاننىڭ سىياسىي-ئىقتىسادىي، ئىلمىي-تېخنىكىلىق ۋە مەدەنىيەت ساھاسىدىكى ئالاقىلىرى تەرەققىي ئېتىۋاتىدۇ.

قازاقستانلىقلار پرېزىدېنت فرانسۇئا مىتتېراننى ئۆز مەملىكىتىگە كېلىشىنى ئالقىشلاپ، قېرىنداش دۆلەت رەھبىرىنىڭ سەپىرى قازاقستان ۋە فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلەردە يېڭى يارقىن سەھىپە بولىدىغانلىقىغا، پەقەت بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل يېۋرو-ئاسىيا رېگىئونىدا تېچلىقنى ساقلاش ئىشىغا خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىدۇ.

(قازتاگ).



ئانىلار — ھاياتىمىزنىڭ گۈلى. ر. يۈسۈپوۋنىڭ فوتو ئېتيۇدى.

СП-1

Байланыс министрлігі Министерство связи

АБОНЕМЕНТ газетке / на газету, журналға / на журнал — 65359 (басылым индексі / индекс издания)

«Йеңи һаят» — комплектілер саны / колич. ком.

1994 жылға, айлары на 1994 год по месяцам

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | | | |

Қайда / Куда

(почта индексі - почтовый индекс) (адресі - адрес)

Кімге / Кому

(фамилиясы, аты - фамилия, инициалы)

ДОСТАВОЧНАЯ КАРТОЧКА
ТАСЫМАЛДАУ КАРТОЧКАСЫ

пв / пв — орны / место

газетке / на газету, журналға / на журнал — 65359

«Йеңи һаят»

| Бағасы / стоимость | жазылу / подписка; адресін өзгерту / переадресовка | 1326 сом 00 т. / руб. — к. ; 1326 сом 00 т. / руб 00 к. | комплектілер саны / количество комплектов |
|---|---|---|---|

1994 жылға, айлары на 1994 год по месяцам

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | | | |

Қайда / Куда

(почта индексі - почтовый индекс) (адресі - адрес)

Кімге / Кому

(фамилиясы, аты - фамилия, инициалы)

## قىيىۋېلىپ، پايدىلىنىڭ!

